# شى جىنپىڭ كامبودژا ۋالىدىخانى مونىلىي ئۈچۈن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «دوستلۇق ئوردېنى»نى بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇراسىم باشلاندى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ھۆرمەت قەدەم بىلەن يىغىن مەيدانىغا كىرىپ، ئوردېن بېرىش سەھنىسىگە چىقىپ، ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ رەتلىك تىزىلدى.

ھەيۋەتلىك مۇراسىم مۇزىكىسى ياڭرىدى، ئالتۇن رەڭلىك دەرۋازا ئاستا - ئاستا ئېچىلدى، شى جىنپىڭ بىلەن مونىلىي تەڭ قەددە زالغا كىرىپ كەلدى. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن، كامبودژا پادىشاھى سىخامونى ھەمراھ بولۇپ كىردى. پۈتۈن مەيداندىكى ئەزىز مېھمانلار ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ، نەزەر سالىمى بەردى.

شى جىنپىڭ بىلەن مونىلىي ئوردېن بېرىش سەھنىسىگە چىقتى.

ھەربىي ئوركېستىر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئورۇنلىدى.

شى جىنپىڭ سۆز قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: ۋالىدىخان مونىلىي جۇڭگو - كامبودژا دوستلۇقىنىڭ مۇھىم گۇۋاھچىسى ۋە تۈرتكە بولغۇچىسى. 1958 - يىلى، ۋالىدىخان مونىلىي تۇنجى قېتىم شاھزادە سىخانۇكقا ھەمراھ بولۇپ جۇڭگوغا كەلگەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭگو بىلەن ئۈزۈلمەس رىشتە باغلىغان. 60 نەچچە يىلدىن بۇيان، ۋالىدىخان مونىلىي جۇڭگو - كامبودژا دوستلۇق ئىشلىرىغا پائال ئاتلىنىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە گۇۋاھ بولدى. ۋالىدىخان مونىلىي جۇڭگو خەلقىگە ئالاھىدە مۇھەببەت باغلىغان بولۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالاقىسى، ھەمكارلىقىنى پائال قوللاپ، جۇڭگو - كامبودژا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاجايىپ تۆھپە قوشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن كامبودژا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 62 يىلدىن بۇيان، ئىككى تەرەپ باشتىن - ئاخىر ئۆزئارا قوللاپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، يىمىرىلمەس «جانجىگەر» دوستلۇق ئورنىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىگە ئايلاندى. ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تۈرلۈك سىناقلارغا بەرداشلىق بەرگەن بولۇپ، دۆلەتلەر ئالاقىسىنىڭ ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. كامبودژا خان جەمەتى بۇنىڭدا تەڭداشسىز مۇھىم رولنى جارى قىلدۇردى. جۇڭگو تەرەپ كامبودژا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگونىڭ پېشقەدەم بىر ئەۋلاد رەھبەرلىرى بىلەن شاھىنشاھ سىخانۇك، ۋالىدىخان مونىلىي ئورتاق ئورناتقان جۇڭگو - كامبودژا ئەنئەنىۋى دوستلۇقىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭگو - كامبودژا مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى تارىخىي مەزگىلدىكى يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ كۆپ بەخت - سائادەت يارىتىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ قىممەتلىك «دوستلۇق ئوردېنى» جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋالىدىخان مونىلىيغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتى ۋە كامبودژا خەلقىگە بولغان چوڭقۇر دوستلۇقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇنداقلا جۇڭگو - كامبودژا ئىككى دۆلەتنىڭ ناھايىتى يېقىن دوستلۇق ھېسسىياتىغا سىمۋول قىلىنغان. جۇڭگو - كامبودژا ئىككى دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، خەلقلىرىنىڭ بەختلىك، خاتىرجەم بولۇشىغا تىلەكداشمەن. ئىككى دۆلەت خەلقلىرى دوستلۇقىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىغا تىلەكداشمەن.

ئارقىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت تاشقى ئىشلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، پارتىيە ۋە دۆلەت تۆھپە، شەرەپنى تەقدىرلەش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ جيېچى «دۆلەت رەئىسىنىڭ ئوردېن بېرىش پەرمانى»نى ئوقۇدى.

ھۆرمەت قاراۋۇللىرى «دوستلۇق ئوردېنى»نى مۇھاپىزەت قىلىپ مەيدانغا كىردى.

شى جىنپىڭ تەنتەنىلىك ھالدا مونىلىيغا ئوردېننى ئېسىپ قويدى. پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

ھەربىي ئوركېستىر كامبودژا پادىشاھلىقىنىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئورۇنلىدى.

مونىلىي مىننەتدارلىق سۆزى قىلدى. مونىلىي مۇنداق بىلدۈردى: بۈگۈن، رەئىس شى جىنپىڭ ئۆز قولى بىلەن ماڭا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «دوستلۇق ئوردېنى»نى بەردى، بۇ، ئۇلۇغ جۇڭگو ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ماڭا ھەمدە كامبودژا خەلقىگە بولغان دوستلۇق ھېسسىياتى ۋە قېرىنداشلىق مېھرىنى تولۇق نامايان قىلدى، مەن چەكسىز خۇش بولدۇم، ئەڭ سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن. شاھىنشاھ سىخانۇك جۇڭگونىڭ پېشقەدەم بىر ئەۋلاد رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە كامبودژا بىلەن جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى ئورناتتى ھەم كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈردى، بىز بۇنى مەڭگۈ ئەستە چىڭ ساقلايمىز. ئۇزاقتىن بۇيان، جۇڭگو كامبودژانىڭ ھەققانىي ئىشلىرىنى قەتئىي قوللاپ كەلدى، كامبودژانىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مۇستەقىللىقى، زېمىن پۈتۈنلۈكى، دۆلەت تىنچلىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشىنى ھەمدە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ كەلدى. مەن ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ئەڭ سەمىمىي مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. كامبودژا خەلقى قېرىنداش جۇڭگو خەلقى بىلەن بىرلىكتە، ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى مۇستەھكەملەپ، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كامبودژا - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشمەن. كامبودژا - جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ مەڭگۈ ياشنىشىغا تىلەكداشمەن.

ئوردېن بېرىش مۇراسىمىغا قاتناشقانلاردىن يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى دىڭ شۆشياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ چېن، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋاڭ يى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە گوۋۇيۈەننىڭ باش كاتىپى شياۋ جيې، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چىڭلى ھەمدە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى مياۋ خۇا قاتارلىقلار بار. جۇڭگو - كامبودژا ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى دوست زاتلار ۋەكىللىرى قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بىز داۋاملاشتۇرۇپ تىرىشىپ، جۇڭگو بىلەن كامبودژانىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

سىخامونى مۇنداق بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى تەنتەنىلىك ئىززەت - ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ كامبودژا خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، قويۇق دوستلۇقىنى بىزگە ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى. مەن بايىلا شەنشى يەنئەندە مەخسۇس زىيارەتتە بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ توختىماي ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە چىن قەلبىمدىن قايىل بولدۇم، شۇنداقلا رەئىس شى جىنپىڭنىڭ خەلقنى مەركەز قىلىش ئىدىيەسىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم. مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئىككى دۆلەتنىڭ پېشقەدەم بىر ئەۋلاد رەھبەرلىرى ئورناتقان چوڭقۇر دوستلۇققا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كامبودژا - جۇڭگو دوستانە ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يېزىشنى خالايمەن. جۇڭگونىڭ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈشىگە چىن قەلبىمدىن تىلەكداشمەن.

مونىلىي مۇنداق بىلدۈردى: شاھىنشاھ سىخانۇك ۋە مەن جۇڭگو خەلقىنىڭ سادىق قەدىناس دوستى، ياخشى دوستى. 60 نەچچە يىلدىن بۇيان، مەن جۇڭگودا كۆپ قېتىم زىيارەتتە بولدۇم، ھەر قېتىم جۇڭگودا يۈزبەرگەن كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان تەرەققىيات - ئۆزگىرىشلەرنى چوڭقۇر ھېس قىلىمەن. رەئىس شى جىنپىڭ ماڭا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «دوستلۇق ئوردېنى»نى بەردى، مەن چوڭقۇر تەسىرلەندىم. مەن داۋاملىق تۈردە كامبودژا - جۇڭگو دوستلۇقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمەن.

ۋاڭ خۇنىڭ، دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى مۇستەھكەملەش، يۈكسەلدۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا، شۆھرەت زاكىر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جېمنەي ناھىيەسىدىكى «ۋەندىتويۈەن»، چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا رايونى، چىڭگىل ناھىيەسىنىڭ ئاقدالا بازىرى، شىنجاڭ كۆيشيەن يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالى، كۆچۈرۈلگەن ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش ئەھۋالى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى چوڭقۇر ئىگىلىدى. نامرات ئاممىنىڭ ئۆيىدە، شۆھرەت زاكىر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سىياسىتىنىڭ كەنتلەرگە، ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلۈش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، ئۇلارنى ئىشەنچنى چىڭىتىپ، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق تەدرىجىي بېيىش يولىغا مېڭىشقا ئىلھاملاندۇردى.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، مەسئۇلىيەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى پەسەيتىش ۋە تۈگىتىش، بولۇپمۇ قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش - سىگنال بېرىش مېخانىزمىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، «ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ ئۆلچەش، ۋاقتىدا سىگنال بېرىش، نامراتلىشىپ كېتىمەستىلا ئالدىنى ئېلىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي مۇستەھكەملەش كېرەك. كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت «ئىككى چوڭ ئىش»نى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پۇختا تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، تىرىشىپ ھەربىر ئائىلىدە كىرىمنى ئاشۇرىدىغان تۈر بولۇش، ھەربىر كىشىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولى بولۇش، نامراتلىقتىن ئۇزاققىچە مۇقىم قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتىكى داۋاملاشما يۆلەش سالمىقىنى زورايتىپ، كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش، مەھەللىگە سىڭىشىش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىنچىكە ئىشلەپ، پۇختا ئىشلەپ، كۆچۈپ چىقالايدىغان بولۇش، مۇقىم تۇرالايدىغان بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلالايدىغان بولۇش، تەدرىجىي بېيىيالايدىغان بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن ئومۇمىيۈزلۈك قۇتۇلدۇرۇشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئۇزاق ئۈنۈملۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مېخانىزمىنى يېتىلدۈرۈش، يېزا - كەنتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشتىكى مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر. نىشان - ۋەزىپە، خىزمەت مېخانىزمى، سىياسەت - تەدبىر جەھەتتە پائال ئىزدىنىپ، نىسپىي نامراتلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن تەرەققىي قىلالايدىغان بولۇشقا، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى جاسارەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈشى ھەم بۇنى يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم تىرەكلىك رول ئوينىدى، بۇ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشقا پايدىلىق، قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنىڭ ئاچقۇچلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق» دېدى جاڭ يۈگلياڭ.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايون ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 18 تەدبىر ئارقىلىق سېلىنمىغا تۈرتكە بولۇپ، ئېشىشىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۇقتۇرۇشى، مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتىش يېتەكچى پىكرى ۋە ئۈچ ياندىش ھۆججىتىنى بېسىپ تارقىتىپ، تۈرلەردە «بالدۇر پىلانلاش، بالدۇر ئىش باشلاش، بالدۇر قۇرۇلۇش قىلىش، بالدۇر ئۈنۈمىنى كۆرۈش»كە تۈرتكە بولدى.

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز تۇنجى قېتىم داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى ئامبىرى، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرى ئامبىرى، زاپاس تۈر ئامبىرى ۋە نۇقتىلىق تۈر ئامبىرى قاتارلىق «تۆت تۈر ئامبىرى»نى قۇردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تۈر ئامبىرى قۇرۇلۇشى ھەم خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىش بويىچە بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش مېخانىزمى، ئۈچ دەرىجىلىك نۇقتىلىق تۈرلەرگە قوماندانلىق قىلىش - ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى، تۈرلەردە ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈنى دوكلاتى ۋە قەرەللىك ئورۇنلاشتۇرۇش مېخانىزمى، مۇھىم، زور تۈرلەرنى تەستىقلاش ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەت بىرلەشمە يىغىنى تۈزۈمى قاتارلىق «تۆت مېخانىزم»نى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «ئىككى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقى»نى تولۇق قوزغاپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 127 نۇقتىلىق تۈرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمىتىدىكى بوغۇق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

«مەبلەغ تۈرگە ئەگىشىپ مېڭىش»تا چىڭ تۇرۇلدى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار مەركەز خامچوتى ئىچىدىكى سېلىنما، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ زايومى ۋە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە دۆلەت زايومىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەتتى، مەركەز خامچوتى ئىچىدىكى سېلىنمىدىن جەمئىي 35 مىليارد 500 مىليون يۈەننى قولغا كەلتۈردى، 77 مىليارد 400 مىليون يۈەنلىك يەرلىك ھۆكۈمەت مەخسۇس زايومى، 16 مىليارد 700 مىليون يۈەنلىك يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە دۆلەت زايومى تارقىتىلدى، 300 مىليارد يۈەن سېلىنمىغا تۈرتكە بولۇپ، ئېشىشىنى مۇقىملاشتۇرۇش مەخسۇس تۈر قەرز پۇلى تەسىس قىلىنىپ، ھۆكۈمەت سېلىنمىسى بىلەن بازارلاشتۇرۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ماس كۈچەيدىغان مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈلدى.

كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى پۈتۈن كۈچ بىلەن «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى ياخشى تۈزۈپ، نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتىپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنىڭ ئاچقۇچلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پۇختا ئاساس سالىدۇ.

---

## ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان تۆت ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

### كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 14 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان تۆت ئاغرىق مىسالى دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇ، بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا تۇنجى تۈركۈمدە دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرى. ئۇنىڭدىن باشقا كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 14 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى.

بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش دوختۇرخانىسى ئاغرىقلار رايونىنىڭ مۇدىرى جۇ يۈلۈڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: يۇقىرىقى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرى دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش دوختۇرخانىسى بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل داۋالاش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، ئاغرىقلارنى داۋالاش لايىھەسىنى دەل ۋاقتىدا تەڭشىدى ۋە ئەلالاشتۇردى. دوختۇر - سېستىرالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى - داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، ۋىرۇس نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 - نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش دوختۇرخانىسى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ كېسەللىك مەنبەسى ئىلمىي كۆرسەتكۈچى ۋە ئۆپكە قىسمىنىڭ رېنتگېندىكى ھالىتىنى ئۇدا، قاتتىق كۆزىتىپ ئۆلچىدى، ئۇزۇقلۇقنى كۈچەيتتى ۋە بەدەن ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 14 يۇقۇملانغۇچىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ياخشىلاندى، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى نورمال بولۇپ، تېببىي كۆزىتىشنى بىكار قىلىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلدى.